# ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈم ئالىقلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

55 تۈرلۈك مەسىلە تىزىملىكىنى رەتلەپ چىقىپ، 69 تۈزىتىش تەدبىرىنى رەتكە تۇرغۇزدى. تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەر، بولۇپمۇ ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، «قۇرۇلۇش مۇددىتى»نى تەرتىپكە تىزىپ، ۋاقىت جەدۋىلىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشتە ئۈلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**ئامما ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى كۆزلەپ تۈزىتىش**

ئاممىنىڭ پىكرى مەسىلىنى تۈزىتىشنىڭ يۆنىلىش بەلگىسى، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار مەسىلىلەرنى كۆزلەپ، ئاغرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، «تۈزىتىش»نى باش تېما تەربىيەسىگە باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەشنى باشلامچىلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى كوچىمە يايمىلار، جۇڭگو تېبابىتى ئۇششاق توغرالغان دورىلىرى، دورا پارچە سېتىش كارخانىلىرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى دورىشۇناس قاتارلىقلارنىڭ «گۇۋاھنامە ئېسىش» قىلمىشىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەتتى. ھازىرغا قەدەر مەكتەپ ئەتراپىدىكى تۈرلۈك كوچىمە يېمەكلىك يايمىسىدىن 67نى تازىلىدى، ئەمەلدىن قالدۇردى، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپ يېمەكلىك تىجارىتى قىلمىشىدىن 316نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى «خاتا تۆۋەن كاپالىتى» «جۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆۋەن كاپالىتى» «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، يېزا تۆۋەن كاپالىتى بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇردى. 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، كەسپلەر ئارىلىق نامراتلارنى يولەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا بېكىتىپ، ئائىلە كىرىمى تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىدىن تەگشەپ چىقىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان 65 مىڭ ئادەمنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى. تۆۋەن كاپالەت خىزمىتىدىكى «ئادەمگەرچىلىك تۆۋەن كاپالىتى» «مۇناسىۋەت تۆۋەن كاپالىتى»نى قاتتىق تەكشۈرۈپ، بۇنداق تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتىدىن 684 ئادەمنى قايتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئاممىۋى ئىجارە ئۆيلەرنى باشقۇرۇش بويىچە مەخسۇس تۈزەش، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى ئىجارە ئۆيلەرنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىگىلىۋېلىش ھەم ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولماسلىق، ئەھۋالى ئېنىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان 1066 ئادەمنى قايتۇردى، كاپالەت ئوبيېكتلىرىنىڭ 305 يۈرۈش ئاممىۋى ئىجارە ئۆيىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قايتا ئىجارىگە بېرىشى، قايتا ئارىيەتكە بېرىشىنى تۈزەتتى. ھەرقايسى جايلار 2019 ـ يىللىق يېزىلاردىكى 31 مىڭ 37 نۇقتىلىق ئوبيېكتقا ئالاقىدار ئۆي سېلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدى ھەم يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى بويىچە ئادەتتىكى ئائىلىلەرگە ئۆي سېلىش ساقلانمىسىنى رەتكە تۇرغۇزۇش، تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇشنى ياخشى قىلىپ، تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولۇش، ئەھۋالى ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ چىقىلغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ داۋالىنىش يۈكى ئېغىر بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆججەت تارقىتىپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى كاپالىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئۈچۈن كىشى بېشىغا بېرىلىدىغان مالىيە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى يېڭىدىن 30 يۈەن كۆپەيتىپ، يېرىمىنى ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىدا چىقىم قىلىش چېكىنى تۆۋەنلىتىپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاتچوت قىلىش نىسبىتىنى 50% تىن 60%كە ئۆستۈردى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئەرزىيەت زىددىيەتلىرىنى تۈگىتىش بويىچە «يۈز كۈنلۈك بىرلەشمە جەڭ» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى زىددىيەت، ماجىرالارنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بېسىلىپ قالغان دېلولارنى ھەل قىلىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولدى، ئاممىنىڭ مۇۋاپىق دەۋا تەلىپىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، دەل ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى 142 نۇقتىلىق ئەرزىيەت ئىشىدىن 110ى بېجىرىلىپ ھەل قىلىندى.

**تۈزىتىشنىڭ ئەمەلىي بولغان ـ بولمىغانلىقىدا ئاممىنىڭ دېگىنى ھېساب**

ئالتۇن لوڭقا، كۈمۈش لوڭقىمۇ پۇقرالارنىڭ ماختىشىغا يەتمەيدۇ، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدە تۈزىتىشنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىدا، ئەمەلىي بولغان ـ بولمىغانلىقىدا تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، ئامما ئەڭ ئېنىق كۆرىدۇ، شۇنداقلا ئەڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

«راۋېنزا پىششىقلاش دۇكىنىم ئاخىر رەسمىيلەشتى!» 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قاراماي شەھىرى شىجىڭ راۋېنزا پىششىقلاش دۇكىنىنىڭ مەسئۇلى شى جۈنلىن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «يېمەكلىك كىچىك كارخانىسىنى تىزىملاش كىنىشكىسى»نى ئېلىشماس قىلىپ ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسى بىلەن خىزمەت ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 2700دىن ئارتۇق يېمەكلىك كىچىك كارخانىسى، كىچىك يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى، ئۇششاق يېمەكلىك دۇكىنىغا ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تازىلىق مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، كىچىك كارخانىلارنى قېلىپلاشقان قۇرۇلۇش قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى. شى جۈنلىن ئائىلىسىنىڭ راۋېنزا پىششىقلاش دۇكىنىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قاراماي پىششىق يېمەكلىك پىششىقلاش بازىرىدىكى ئۈلگە كىچىك كارخانا بولۇپ قالدى، سودىسى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلاندى.

«ئىشىم ئاخىر ھەل بولدى، كۆڭلۈممۇ ئەمىن تاپتى» دېدى يېقىندا بىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ما جىنيەن ئەرزىيەت كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ ھاياجانلانغان ھالدا. ئەرزىيەت ئىدارىسى ما جىنيەننىڭ ئىشلىرىنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق ئەرزىيەت ئىشلىرىغا كىرگۈزۈپ، مەسئۇل ئورۇننىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۈچ يىلغىچە سوزۇلۇپ بېسىلىپ قالغان بۇ دېلونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىكتىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئامما ئىنكاس قىلغان ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرىنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ دورا ئالغاندا، ئۆچرەتتە تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، ۋاقىت ۋە كۈچ ئىسراپ بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىكتىكى ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرىنىڭ دورا سېتىۋېلىش يوللىرىنى كېڭەيتىشنى تەتقىق قىلىپ، ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دورىخانىلارنى كۆپەيتىپ، ئاغرىقلارنىڭ دورا سېتىۋېلىشىغا قولايلىق ياراتتى. سىياسەت چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىكتىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دورىخانىلاردىن دورا سېتىۋالسا، ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلنىڭ ئامبۇلاتورىيەدە داۋالىنىش خىراجىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش فوندىدىن چىقىم قىلىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

يېقىندا ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى جۇ ۋېيگونىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر دورىخانا ئالاھىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل ئاغرىقلىرى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دورىخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ، قەنت كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا كۆپ يىل بولغان ئۇنىڭغا نىسبەتەن خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئىش، ھازىر «سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل دەپتىرى»نى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى دورىخانىدىن دورا سېتىۋالسىلا بولىدۇ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆچرەتتە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دېدى جۇ ۋېيگو خۇشال ھالدا.



# لېي فېڭ: جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ نەمۇنىچىسى


يولداش لېي فېڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ لياڭخېڭ)** چاڭشا شەھىرىنىڭ يۆلۈ رايونىدىن يولغا چىقىپ، لېي فېڭ يولىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ تەخمىنەن ئۈچ ـ تۆت كىلومېتىر مېڭىپ، لېي فېڭنىڭ غايەت زور باش سۈرەت بەدىئىي ھەيكىلىنى كۆرگىنىڭىزدە، لېي فېڭنىڭ يۇرتى — چاڭشا شەھىرى ۋاڭچېڭ رايونىغا يېتىپ كەلگەن بولىسىز.

لېي فېڭ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋاڭچېڭ ناھىيەسى (ھازىرقى چاڭشا شەھىرى ۋاڭچېڭ رايونى)دىن. 1940 ـ يىلى تۇغۇلغان، يەتتە يېشىدا يېتىم قالغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لېي فېڭ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئۇ ئۆسمۈرلەر ئۆمىكىگە قاتناشقان. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ 1 ـ تۈركۈمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پىيونېرلار ئەترىتىگە قاتناشقان. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىش خاتىرىلىگۈچى، ئالاقىچى، تىراكتورچى بولغان، 1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لېي فېڭ دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، لياۋنىڭ ئەنشەنگە بېرىپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدىگۈچى بولغان. 11 ـ ئايدا ئەنگاڭ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ كۆمۈر يۇيۇش سېخىدا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، باش چوكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كۆپ قېتىم «قىزىل بايراقدار» «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» ۋە «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى» بولۇپ باھالىنىپ، ئەنشەن شەھەرلىك ياش ئاكتىپلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەربىيلىككە قاتناشقان، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

لېي فېڭ ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسى ۋە كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشنى ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزغان. ئۇ پارتىيەگە سادىق، خەلققە سادىق، ۋەتەنگە سادىق، سوتسىيالىزمغا سادىق ئىدى؛ «مىخ» روھى بىلەن، ۋاقىت چىقىرىپ پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ئەسەرلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن؛ «بۇرما مىخ» بولۇشنى خالاش روھى بىلەن، بىر كەسىپنى قىلسا شۇ كەسىپنى قىزغىن سۆيۈپ، شۇ كەسىپنى تەتقىق قىلىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا ئاددىي بولمىغان ئىشلارنى قىلغان. لېيەندۇي ئۇنى ئاپتوموبىل ئەسكىرى بولۇشقا تەقسىم قىلغاندا، ئۇ ئاپتوموبىل ھەيدەش تېخنىكىسىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، لاياقەتلىك ئاپتوموبىل شوپۇرى بولغان. بەنجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەممە ئىشتا نەمۇنىچى، باشلامچى بولۇپ، پۈتۈن بەنگە باشلامچىلىق قىلىپ، بەنىنى قىسمدىكى ئىلغار كوللېكتىپقا ئايلاندۇرغان. ئۇ كوممۇنىزم ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى قىزغىن سۆيەتتى، كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيەتتى، سەپداشلىرىغا كۆيۈنەتتى، «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، پەقەت باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلەش»نى ئەڭ زور بەخت ۋە خۇشاللىق، دەپ قارايتتى ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، «چەكلىك ھاياتىنى خەلق ئۈچۈن چەكسىز خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىغان». ئۇ تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇپ، ئېتىپ قالغان پۇلىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار سەپداشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلەتكەن ھەم دائىم بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە ئارام ئالغان ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ قىسىم تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئەتراپىدىكى ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. ئۇ ئىلگىرى مەكتەپ سىرتى يېتەكچىسى بولۇپ، دائىم ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر ئەۋلاد ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر قىلغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئەزەلدىن ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلەنمىگەن، ماختالغاندا مەغرۇرلانمىغان، ياخشى ئىش قىلغاندا ئىسمىنى قالدۇرمىغان. كاماندىروپكىغا چىققاندا، ئۇ پويىزغا چىقىپلا يولۇچىلارغا چاي قۇيۇپ، سۇ ئەكېلىپ بەرگەن، تازىلىق قىلغان، ئامما ئۇنى: «لېي فېڭ مىڭ چاقىرىملىق كاماندىروپكىغا چىقسا، بىر پويىز ياخشى ئىش قىلىدۇ» دەپ ماختىغان.

1962 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، لېي فېڭ ترانسپورت ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىۋاتقاندا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان. قىسمدا ئىككى يىل سەككىز ئاي تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك، ئىككى قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم تەقدىرلىنىپ، فۇشۇن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

لېي فېڭنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب ئىدىيەسى ئارمىيە ئىچى ـ سىرتىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. دۆلەت مۇداپىئە مىنىسترلىقى ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان بەنگە «لېي فېڭ بەنى» دەپ نام بەرگەن. 1963 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماۋزېدۇڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىقنى چىقارغان. كەڭ دائىرىدە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇلغان لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىدە، پۈتۈن ئارمىيەدىكى ھەرقايسى قىسىملار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى سەپلەردە زور تۈركۈمدىكى لېي فېڭچە قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەر مەيدانغا كەلدى.

لېي فېڭنىڭ يۇرتى خۇنەننىڭ چاڭشا ۋاڭچېڭ رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياۋ جيەنگاڭ، گو دېگاۋ قاتارلىق يەتتە «جۇڭگودىكى ياخشى ئادەم»، «مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى» جوۋ مېيلىڭ، «دەۋر نەمۇنىچىسى» ۋاڭچېڭ رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى ھەمدە نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلىك «ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى» قاتارلىقلار ئۆسۈپ يېتىلدى. لېي فېڭ روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ سەپىرىدە تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچماقتا.

# ياك تىگئەن: ھاياتى بىلەن «ئىككىدىن قورقماسلىق» روھىنى ياڭرىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لاسا، 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ شياۋخۇڭ)** ياك تىگئەن ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىم — 77 ـ جىتۇەنجۈن مەلۇم لۈيدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر يېقىندا سىچۈەننىڭ مەلۇم يېرىدىن يولغا چىقىپ، «بىرىنچىدىن جاپادىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقماسلىق»تەك جەڭگىۋارلىق روھىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، سىچۈەن ـ شىزاڭ لىنىيەسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ياك تىگئەن ئىلگىرى جەڭ قىلغان جايغا قايتا كېلىپ، ئېگىزلىكتە تۇرۇپ مەشىق قىلىپ، «ئىككىدىن قورقماسلىق» روھىنى ئەۋج ئالدۇردى.

ياك تىگئەن 1938 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1958 ـ يىلى قوشۇنغا كىرگەن، 1962 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، چېگرادىكى ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە ياك تىگئەن تۇرۇشلۇق پەيىنىڭ ھۇجۇمى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. دۈشمەننىڭ ئون نەچچە پوتىيىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت يالقۇنى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ ئىنتايىن زىچ ئوت تورى ھاسىل قىلغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە جەڭچى قۇربان بولغان.

ئوت كۈچىنىڭ ياردىمى ۋە 5 ـ بەنىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، ياك تىگئەن 6 ـ بەنىنى باشلاپ دۈشمەن پوتىيىغا ھۇجۇم قىلغان. يېرىم سائەتتىن ئارتۇق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ 18 پوتىيىنى كەينى ـ كەينىدىن تارتىۋالغان، پۈتۈن بەن بويىچە بىرمۇ ئەسكەر تالاپەتكە ئۇچرىمىغان. لىيەنجاڭ گاۋ يوۋگۈي، يېتەكچى سۈن گۇاڭمىڭ دەرھال ھەرقايسى پەيلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ شىددەت بىلەن قىستاپ، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ دۈشمەننى يوقاتقان.

كېيىنكى جەڭدە ياك تىگئەن بىر باغلام گىرانات بىلەن بىر پوتەينى پارتلاتقان، يەنە پارتلاتقۇچ بوغچىسى بىلەن دۈشمەننىڭ بىر پىلموت ئوت كۈچى نۇقتىسىنى يوقاتقان. كەسكىن جەڭدە، ياك تىگئەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغۇچە: «بىرىنچىدىن جاپادىن قورقمايمىز، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، مەن بىلەن مېڭىڭلار، بېسىپ كىرەيلى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغان.

پۈتۈن بەندىكى جەڭچىلەر قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان. ئۇلار 27 پوتەينى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان، 55 دۈشمەننى يوقاتقان، ئىككى زەمبىرەك، تۆت يېنىك ـ ئېغىر پىلموت، ئىككى خوجيەنتۇڭ قاتارلىق قوراللارنى ئولجا ئالغان. بۇ جەڭدە 6 ـ بەندىكى سەككىز ئەسكەرنىڭ يەتتىسى قۇربان بولغان.

1963 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىزاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق سىلىڭيۈەنى جاڭ گوخۇا رەئىس ماۋ زېدۇڭغا ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندا، «بىرىنچىدىن جاپادىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن ئۆلۈمدىن قورقماسلىق» دېگەن بۇ قەسەم ماۋجۇشىنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن، داڭلىق «ئىككىدىن قورقماسلىق» روھى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياڭرىغان. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا شىزاڭ ھەربىي رايونى ياك تىگئەننى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان، دۆلەت مۇداپىئە مىنىسترلىقى ئۇ تۇرغان بەنگە «ياك تىگئەن بەنى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

ساداقىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، شان ـ شەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ لۈيدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر «ئىككىدىن قورقماسلىق» روھىغا زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەمەلىي مانېۋىر قاتارلىق چوڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى، 40 نەچچە كىشى تۈرلۈك ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىدە نەتىجىگە ئېرىشتى، 200دىن ئارتۇق كىشى مەشىق نەتىجىسى ئەلا بولۇپ خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى. يېقىندا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ «تويۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن — 2019» يۈرۈشلۈك ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە، ئۇلار كۆپ تۈردە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)